ئىستېمال قىل -　　　تەلپۈن -　　　ئاس -

2- تۆۋەندىكى پېئىللارنى ئۆتكەن زامان پۈتكەن خەۋەر رايىنىڭ بولۇشلۇق، بولۇشسىز ۋە سوئال شەكىللىرى بىلەن تولدۇرۇڭ.

قاپسا -　　　قاپلا -　　　بەلگىلە -

قىستا -　　　ۋقىرا -　　　ئۆتكۈز -

سېغىن -　　　تىز -　　　ئاگاھلاندۇر -

تەمشەل -　　　ئورۇنلاشتۇر -　　　يورۇشتۇر -

3- تۆۋەندىكى پېئىللارنى چەكلىمىسىز تۈس شەكلى بىلەن تولدۇرۇڭ.

رەنجىت -　　　ياسا -　　　جايلاش -

ماختا -　　　ئورا -　　　ياسا -

سەكرە -　　　ئارلاش -　　　چاپلا -

تاپ -　　　قادا-　　　تەكشۈر -

4- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

①ياش ۋاقتىمدا سېلىم بەگنىڭ ھويلىسىدا چېپىپ يۈرگەن توسۇن ئېتىنى مەن تۇتۇپ بەرگەنىدىم.

②ئۇنىڭ پۇلى يېتەرلىك ئىدى، شۇڭا تاۋار ئۆينى دەرھال سېتىۋالدى.

③رەيھان قەتئىي نىيەتكە كەلگەنىدى.

④تۇرمۇشقا چىقىش مەسىلىسىدە خېلى بۇرۇنلا سىزگە ئۆز كۆز قارىشىمنى ئېيتقانىدىم.

⑤رۇستەم شۇنداق كۈچتۈڭگۈر، مىسلىسىز يوغان ۋە قاباھەت باتۇر – پالۋان ئىدىكى، ھەر بىر قولىدا بىردىن ئىككى يوغان ئۆكۈزنى ئاسلاندەك قامالاپ كۆتۈرۈۋېلىپ بىر-بىرىگە ئۇستۇرۇشۇپ سوقۇشتۇراتتى.

⑥ئىختىساسلىق كىشلەرنىڭ كەلتۈرىدىغان پايدىسى قابىلىيەتسىز ئادەملەرنىڭكىدىن كۆپرەك بولىدۇ.

⑦تاشۋايمۇ بىر زامانلاردا ھەۋەسكار ئىدى، مانا ئەمدى ھەم چالالايدىغان، ھەم ئېيتالايدىغان، ھەم ئىجاد قىلالايدىغان قابىل بىر كىشى بولۇپ يېتىشتى.

⑧ئۇ كىچىك بولغان بىلەن، ئىسمىدە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى مېنىڭكىدىن يۇقىرى ئىدى.

⑨ زوراۋانلىق كۈچ بىلەن بويسۇندۇرۇشقا كۆزى يەتمىگەن ھېيلىگەر «مېھمان»لار

ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

ئەكەتكەنتى، ئېيتقانتىم

1)ئۆتكەن زامان پۈتكەن خەۋەر رايىنىڭ سوئال شەكلى

پۈتكەن ھاللىق سۈپەتداشقا «مۇ»قوشۇمچىسى ۋە «ئىدى» باغلامچى پېئىلى بىلەن بىرىكىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

①كىتابىمنى تۇرسۇن ئەكەتكەنمىدى \ ئەكەتكەنمىتى؟

② – تۈنۈگۈن قاناس كۆلىگە باردىڭلارمۇ؟

- باردۇق.
- بۇرۇن بارمىغانمىدىڭلار \ بارمىغانمىتىڭلار؟
- بۇرۇن بارمىغانىدۇق \ بارمىغانتۇق.

2)پۈتكەن ھاللىق سۈپەتداشقا باغلامچى پېئىل «ئىدى» بىلەن «مۇ» قوشۇمچىسىنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

①كىتابىمنى تۇرسۇن ئەكەتكەنىدىمۇ \ ئەكەتكەنتىمۇ؟

② بۇرۇن بارمىغانىدىڭلارمۇ \ بارمىغانتىڭلارمۇ؟

**3- پېئىلنىڭ چەكلىمىسىز تۈس شەكلى**

چەكلىمىسىز تۈس ھەرىكەتنىڭ چەكلىمىسىز بارلىققا كېلىشى ياكى داۋاملىشىشىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلىدۇر.

بۇ خىل تۈش شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە « -ۋەر، -ىۋەر» قوشۇمچىلىرى ۋە شەخس - سان قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىپ كېلىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇ + ۋەر + دىم ← ئوقۇۋەردىم      ياز+ ۋەر + ىڭ ← يېزىۋېرىڭ

كەل + ۋەر + ىڭ ← كېلىۋېرىڭ      دە+ ۋەر + دى ← دەۋەردى

كېرەك يوق، سۆزلەۋەر!

ئۇلارنى ساقلىمايلى، ئىشىمىزنى باشلاۋېرەيلى!

قاتاردىن قالغۇچە خاتادىن قال      (ئۇيغۇر خەلق ماقالى)

**كۆنۈكمە**

1- تۆۋەندىكى پېئىللارنى ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەڭ.

تۇس -      تىنچلاندۇر -      ئاڭلا -

تۇشتۇر -      يۆلەن -      سوقۇش -

②ئۇ بىر بوتۇلكا قېتىقنى بىردەمدىلا شوراپ ئىچىپ بولدى.

**گراماتىكا**

**1- پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى**

ئۆملۈك دەرىجە ھەرىكەتنىڭ بىر قانچە شەخس تەرىپىدىن ئورتاق ئورۇندالغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان دەرىجە شەكلىدىن ئىبارەت.

بۇ خىل دەرىجە شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە «-ش، -ىش، -ۇش، -ۈش» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

كۈل + ۈش + تى ← كۈلۈشتى

يۈگۈر + ۈش + تى ← يۈگۈرۈشتى

ئال + ش +ت ← ئېلىشتى

سان + ش + تى ← ساناشتى

ئىشچىلار ئىشقا مېڭىشتى.

باللار دىققەت بىلەن ھېكايە ئاڭلاپ ئولتۇرۇشىدۇ.

خەلچەملەر ئۇزۇن سۆزلەشتى.

بىز ئۇلارغا توپ ئوينىشىپ بەردۇق.

ئىزاھات: ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىلىرى بىلەن شەخسسىز پېئىللار (پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى) نىڭ بىر تۈرى بولغان ئىسىمداشنىڭ قوشۇمچىسى شەكىلداش بولۇپ، بۇ شەكىلداش قوشۇمچىلار مەنە جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ، يەنە ئۆملۈك دەرىجىدىكى پېئىللاردا شەخس، سان، زامان ۋە راي ئۇقۇمى بولىدۇ. ئىسىمداشلاردا يۇقىرقى ئۇقۇملار بولمايدۇ. مەسىلەن:

يۈگۈرۈش (ئىسىمداش)

يۈگۈرۈشتى (ئۆملۈك دەرىجە)

**2- پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان پۈتكەن خەۋەر رايى**

ئىش – ھەرىكەتنى بايان قىلغۇچىنىڭ ھەرىكەتنى بىۋاستە بايان قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ھېلىقى ئىشنى مەن تۈنۈگۈنلا سىزگە ئېيتقانىدىم، ئۇنتۇپ قالدىمىڭىزمۇ؟

كىتابىڭىزنى تۇرسۇن ئەكەتكەنىدى.

ئىزاھات: ئېغىز تىلىدا «ى» چۈشۈپ قېلىپ، كەينىدىكى «د» قوشۇمچىسى «ت» غا